3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى

تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

ھەممە كەنتكە قاتناشتۇرۇلغان يول تۇتاشتۇرۇلدى

رەقەم ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ «13 ـ بەش يىل»نى سۆزلەش

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لۇ فېڭباۋ** خەۋەر قىلىدۇ: «13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا تاشيول قۇرۇلۇشىدا غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. 2016 ـ يىلىدىن 2019 ـ يىلىغىچە جەمئىي 65 مىليارد 880 مىليون يۈەن سېلىنما تاماملىنىپ، 68 مىڭ 177 كىلومېتىر يېزا تاشيولى يېڭىدىن ياسىلىپ، ئۆزگەرتىپ ياسىلىپ، شارائىت ھازىرلانغان ئىشتاتلىق كەنتلەرنىڭ ھەممىسىگە قاتناشتۇرۇلغان يول تۇتاشتۇرۇلۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ئومۇمىيۈزلۈك غەلىبە قىلىشقا پۇختا ئاساس سېلىندى.

پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، باش شۇجى شى جىنپىڭ كۆپ قېتىم يېزا تاشيولى تەرەققىياتى توغرىسىدا مۇھىم يوليورۇق بېرىپ، يېزا تاشيولىنى ياخشى ياساپ، ياخشى باشقۇرۇپ، ياخشى قوغداپ، ياخشى يۈرۈشتۈرۈپ، كەڭ دېھقانلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىپ ھاللىق سەۋىيەگە يېتىشىگە تۈرتكە بولۇشنى تەلەپ قىلدى. ئاپتونوم رايونىمىز پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېزا تاشيول قۇرۇلۇشىنى بىر تۈرلۈك مۇھىم خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشى قىلىپ، يېزا تاشيولىنى زور كۈچ بىلەن ياسىدى. يېزا تاشيولىنىڭ ئومۇمىي مۇساپىسى 2016 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى 120 مىڭ 200 كىلومېتىر (بىڭتۇەننى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ)دىن كۆپىيىپ، 2019 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى 133 مىڭ 100 كىلومېتىر (بىڭتۇەننى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ)غا يەتتى.



□制图/新疆日报视觉中心 窦 宇

كۆنسېرى راۋانلىشىۋاتقان يېزا تاشيولى ئىلگىرىكى «ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى توپا ـ چاڭ كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىغان، يامغۇرلۇق كۈنلىرى پاتقاق بولۇپ كېتىدىغان» مۇشكۈل ئەھۋالنى تەلتۆكۈس ئۆزگەرتىپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى ئاممىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ بېيىشقا شارائىت يارىتىپ بەردى. «ھازىر ئاسفالت يول ئىشىك ئالدىمىزغىچە ياتقۇزۇلدى، يول يۈرۈشىمىز قولايلاشتى، ساياھەتچىلەر بارغانسېرى كۆپەيدى، مەن دېھقانلار ئارامگاھى ئېچىپ ئېيىغا 6000 يۈەندىن كۆپرەك پۇل تاپتىم» دېدى تۇرپان شەھىرى پىچان ناھىيەسى لەمجىن بازىرى بازار كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى بەختىيار غوپۇر مۇخبىرغا.

بۇ يىل، ئاپتونوم رايونىمىز يېزا تاشيول قۇرۇلۇشىغا 5 مىليارد 500 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، 10 مىڭ كىلومېتىر يېزا تاشيولىنى يېڭىدىن ياساش، ئۆزگەرتىپ ياساشنى پىلانلىغانىدى، 2020 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە «سىرتقا تۇتاشقان، ئىچكى قىسمىنى تۇتاشتۇرغان، يېزا ـ كەنت يوللىرى راۋانلاشقان، نۆۋەتچى ئاپتوبۇسلار كەنتلەرگىچە بارىدىغان، بىخەتەر، قولاي بولغان» يېزا تاشيول تورىنى ئاساسىي جەھەتتىن قۇرۇپ چىقىدۇ.

تۆۋەن كاپالەت ئۆلچىمى «پەيدىنپەي ئۆستى»

رەقەم ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ «13 ـ بەش يىل»نى سۆزلەش

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لى لىن** خەۋەر قىلىدۇ: «13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىز تۆۋەن كاپالەت ئۆلچىمىنى يىلمۇيىل ئۆستۈرۈپ، تۆۋەن كاپالەت ئۆلچىمىنىڭ دۆلەتنىڭ نامراتلارنى يۆلەش ئۆلچىمى بىلەن ئۈنۈملۈك جىپسىلىشىشىنى ئىشقا ئاشۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، شەھەر ـ يېزىلاردىكى تۆۋەن كاپالەت دائىرىسىدىكى ياشانغانلار، قۇرامىغا يەتمىگەنلەر، ئېغىر مېيىپلەر، ئېغىر ئاغرىقلار (قىسقارتىلىپ «تۆت تۈرلۈك كىشىلەر» دەپ ئاتىلىدۇ)نىڭ تۆۋەن كاپالەت پۇلىنى مۇۋاپىق كۆپەيتىپ، تولۇق كاپالەتلەندۈرۈش ئوبيېكتلىرىنىڭ نامراتلىقتىن مۇقىم قۇتۇلۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

2020 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەرلەرنىڭ تۆۋەن كاپالەت ئۆلچىمى ئېيىغا 500 يۈەندىن تۆۋەن بولمىدى، بۇ، 2016 ـ يىلىدىكى 376 يۈەندىن 124 يۈەن ئۆسۈپ، ئېشىش نىسبىتى 33% بولدى؛ يېزىلارنىڭ تۆۋەن كاپالەت ئۆلچىمى يىلىغا 4100 يۈەندىن تۆۋەن بولمىدى، بۇ، 2016 ـ يىلىدىكى 2855 يۈەندىن 1245 يۈەن ئۆسۈپ، ئېشىش نىسبىتى 44% بولدى، 2020 ـ يىلى شەھەرلەرنىڭ تۆۋەن كاپالەت ئوتتۇرىچە ياردەم پۇلى سەۋىيەسى ئېيىغا 375 يۈەن بولۇپ، 2016 ـ يىلىدىكى 300 يۈەندىن 75 يۈەن ئېشىپ، ئېشىش نىسبىتى 25% بولدى؛ يېزىلارنىڭ تۆۋەن كاپالەت ئوتتۇرىچە ياردەم پۇلى سەۋىيەسى ئېيىغا 256 يۈەن بولۇپ، 2016 ـ يىلىدىكى 161 يۈەندىن 95 يۈەن ئېشىپ، ئېشىش نىسبىتى 59% بولدى.

«13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىز شەھەر ـ يېزىلارنىڭ تۆۋەن كاپالەت ئۆلچىمىنى ھەرىكەت ھالىتىدە تەڭشەش مېخانىزمى ئارقىلىق، جەمئىيەت، ئىقتىساد تەرەققىياتى سەۋىيەسىگە يېقىندىن ئەگىشىپ، ھەر يىلى بېكىتىدىغان پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر ـ يېزىلارنىڭ تۆۋەن كاپالەت ئۆلچىمىنى دۆلەتنىڭ نامراتلارنى يۆلەش ئۆلچىمىدىن سەل يۇقىرى قىلىپ تەڭشەپ، تولۇق كاپالەتلەندۈرۈش ئوبيېكتلىرىنىڭ نامراتلىقتىن مۇقىم قۇتۇلۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، جەمئىيەت قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىشنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشتىكى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇردى.

«13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتى قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش ئوبيېكتلىرىنى راست نام تىزىملىكى بويىچە باشقۇرۇش سالمىقىنى زورايتىپ، ئەمگەك ئىقتىدارىدىن پۈتۈنلەي قالغان ياكى ئەمگەك ئىقتىدارىدىن قىسمەن قالغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە كەسپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشكە تايىنىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرغىلى بولمايدىغان نامرات نوپۇسنىڭ ھەممىسنى بەلگىلىمە بويىچە يېزىلارنىڭ تۆۋەن كاپالەت، ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بارلارنى بېقىش قاتارلىق قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش دائىرىسىگە كىرگۈزدى، نامراتلىقتىن قۇتۇلمىغان، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئاھالىلەر ئارىسىدىكى ئائىلىسىگە تايىنىپ بېقىلىۋاتقان ھەم ئۆز ئالدىغا نوپۇس تۇرغۇزغىلى بولمايدىغان ئېغىر مېيىپلەر، ئېغىر ئاغرىقلارنى يەككە ئائىلە بويىچە يېزىلارنىڭ تۆۋەن كاپالەت دائىرىسىگە كىرگۈزدى. نۆۋەتتە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىي شەھەر ـ يېزا تۆۋەن كاپالەت ئوبيېكتى 1 مىليون 780 مىڭ كىشى بولۇپ، شەھەر ـ يېزىلارنىڭ تۆۋەن كاپالەت ئوبيېكتلىرى ئىچىدىكى «تۆت تۈرلۈك كىشىلەر»نىڭ نىسبىتى 2016 ـ يىلىدىكى 44%تىن 72%كە ئۆستۈرۈلدى، شەھەر ـ يېزىلارنىڭ تۆۋەن كاپالەت بويىچە قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىشىنىڭ دەل جايىدا بولۇش دەرىجىسى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.



□制图/新疆日报视觉中心 张 永

ھەممە كىشى ئاساسىي داۋالىنىش كاپالىتىدىن بەھرىلەندى

رەقەم ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ «13 ـ بەش يىل»نى سۆزلەش

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لى چۈنشيا** خەۋەر قىلىدۇ: داۋالىنىش كاپالىتى ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتىكى مۇھىم خەلق تۇرمۇشى كۆرسەتكۈچى. «13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىز ئومۇمىي خەلقنى سۇغۇرتىغا قاتناشتۇرۇش پىلانىنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇپ، داۋالىنىش كاپالىتى دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقانلارنىڭ سانىنى سىجىل كۆپەيتىپ، تولۇق قاپلاشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇردى.

ئاپتونوم رايونلۇق داۋالىنىش كاپالىتى ئىدارىسىنىڭ ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، 2016 ـ يىلى، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقانلار 18 مىليون 133 مىڭ كىشى، 2017 ـ يىلى سۇغۇرتىغا قاتناشقانلار 18 مىليون 668 مىڭ 900 كىشى، 2018 ـ يىلى سۇغۇرتىغا قاتناشقانلار 19 مىليون 989 مىڭ 500 كىشى، 2019 ـ يىلى سۇغۇرتىغا قاتناشقانلار 20 مىليون 380 مىڭ 900 كىشى بولغان.

«13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ داۋالىنىش كاپالىتى تۈزۈمى سىستېمىسى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇكەممەللەشتى: بىرلىككە كەلگەن شەھەر ـ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسى تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، ئېغىر كېسەل سۇغۇرتىسى تۈزۈمى، كۆتۈلمىگەن جىسمانىي زەخىم سۇغۇرتىسى تۈزۈمى ئومۇمىيۈزلۈك ئورنىتىلىپ، ئۇزاق مەزگىللىك پەرۋىش سۇغۇرتىسى تۈزۈمىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش، شەھەر ـ بازارلاردىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئامبۇلاتورىيەدە كېسەل كۆرستىشىنى بىرتۇتاش پىلانلاشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش قاتارلىقلار قانات يايدۇرۇلۇپ، ئومۇمىي خەلق داۋالىنىش سۇغۇرتىسى «ھەممە كىشى بەھرىلىنىش»تىن «ھەممە كىشى ئادىل بەھرىلىنىش»كە قاراپ پۇختا قەدەم بىلەن ئىلگىرىلىدى.

ئاپتونوم رايونىمىزدا داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا مەبلەغ غەملەش ۋە تەمىناتنى تەڭشەش مېخانىزمى ئاساسىي جەھەتتىن ئورنىتىلىپ، شەھەر ـ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا مەبلەغ غەملەش سەۋىيەسى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ياردەم پۇل ئۆلچىمى يىلمۇيىل ئۆستۈرۈلدى. 2016 ـ يىلىدىن 2020 ـ يىلىغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر ـ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ داۋالىنىش سۇغۇرتىسىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئەڭ تۆۋەن مەبلەغ غەملەش ئۆلچىمى 570 يۈەندىن 830 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە مالىيە ياردەم پۇلى 390 يۈەندىن 550 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى، شەھەر ـ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ داۋالىنىش سۇغۇرتىسى سىياسىتى دائىرىسىدە دوختۇرخانىدا يېتىش خىراجىتىنىڭ چىقىم نىسبىتى 70%تىن يۇقىرى بولۇش مۇقىملاشتۇرۇلدى.

ئاپتونوم رايونىمىز داۋالىنىش سۇغۇرتىسى ئارقىلىق نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەشنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، نامرات ئاھالىلەرنىڭ «ئاساسىي داۋالىنىشى كاپالەتكە ئىگە بولۇش»نى زىچ چۆرىدەپ، شەخسلەر ھەق تاپشۇرۇش ياردىمى، چوڭ كېسەل سۇغۇرتىسى بويىچە مايىللىشىپ چىقىم قىلىش، داۋالاش ـ قۇتقۇزۇشقا تولۇق كاپالەتلىك قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ئارقىلىق كاپالەت سەۋىيەسىنى ھەقىقىي ئۆستۈردى، نامرات ئاھالىلەرنىڭ ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتنىشىشىنى 100%كە يەتكۈزۈپ، قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ كېسەل سەۋەبىدىن نامراتلىشىش، كېسەل سەۋەبىدىن قايتا نامراتلىشىش قاتارلىق مەسىلىلىرىنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىپ، ساغلاملىق كاپالىتىنىڭ تۆۋەن چېكىنى كۆتۈردى.



□制图/新疆日报视觉中心 张 永

«13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىز ئۆلكە ئاتلاپ باشقا جايدا داۋالىنىشنى بىۋاسىتە راسچوت قىلىشنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ داۋالىنىش سۇغۇرتىسى ئېلېكترونلۇق ئىسپاتىنى يولغا قويۇپ، دۆلەتنىڭ دورىنى مەركەزلىك سېتىۋېلىشنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، شەھەر ـ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ يۇقىرى قان بېسىمى، دىيابىت كېسىلى بويىچە ئامبۇلاتورىيەدە داۋالىنىشتا دورا ئىشلىتىشكە كاپالەتلىك قىلىش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كەڭ دائىرىدە قاپلاشتىن يۇقىرى سۈپەتلىك بولۇشقىچە ئۈزلۈكسىز ئەلالاشقان داۋالىنىش سۇغۇرتىسى مۇلازىمىتى بارغانسېرى پۇختا بولغان كاپالەت ئىقتىدارى بىلەن بىللە ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاللىق تۇرمۇشقا كاپالەتلىك قىلدى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

2685.83 يۈەن بولۇپ، 2017 ـ يىلىدىكىدىن 503.13 يۈەن تۆۋەنلىدى؛ يېزا ئىگىلىك سۇغۇرتىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، «باھا سۇغۇرتىسى+قەرەللىك مال»نى نۇقتىدا سىناق قىلىشنى ئالغا سىلجىتتى؛ كۆپ خىل شەكىلدىكى سودا ساغلاملىق سۇغۇرتىسى ھەممە كارخانا (كەسىپ) يىللىق پۇل پىلانى قاتارلىق كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسى مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەپ، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردى.

«13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، شىنجاڭ سۇغۇرتا كەسپى مۇھىم، ئېغىر خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈگىتىش بويىچە ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى پۇختا قەدەم بىلەن ئالغا سىلجىتتى. 2019 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك سۇغۇرتىسى 67مىليون 698مىڭ 500 مو زىرائەتنى سۇغۇرتىلاپ، 7مىليون 739مىڭ 200 تۇياق چارۋىنى سۇغۇرتىلاپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋە يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشكە ئۈنۈملۈك كۈچ قوشتى؛ يېشىل پۇل مۇئامىلە سىناق رايونى قۇرۇلۇشىنى پائال قوللاپ، يېشىل پۇل مۇئامىلە نۇقتىلىق خىزمەت پىلانىنى تۈزۈشكە ئومۇمىيۈزلۈك قاتنىشىپ، شىنجاڭنىڭ يېشىل تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتتى.

2019 ـ يىلى، شىنجاڭ سۇغۇرتا ئاپپاراتلىرى «بەش چوڭ مەركەز» «ئۈچ بازا، ئۈچ يول» قۇرۇلۇشى تۈرىدىن جەمئىي 2452نى قوللاپ، جەمئىي 1123 كارخانا (قېتىم)غا 141 مىليون يۈەن تۆلەم بەردى. ئەقلىي ئىقتىدارلىق ياسىمچىلىق، يېڭى ئېنېرگىيە، يېڭى ماتېرىيال قاتارلىق ئىستراتېگىيەلىك يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىنى چۆرىدەپ، تۇنجى (يۈرۈش) مۇھىم، زور تېخنىكىلىق جابدۇق سۇغۇرتىسى تۆلەم تولۇقلىمىسى مېخانىزمىنى نۇقتىدا سىناق قىلىشنى ئالغا سىلجىتىپ، پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرىنى ئايلاندۇرۇشقا تۈرتكە بولدى.

بۇنىڭدىن باشقا، شىنجاڭ سۇغۇرتا كەسپى يەنە سۇغۇرتا مەبلىغىنىڭ شىنجاڭغا سېلىنىشىغا تۈرتكە بولۇپ، قاتناش، ئېنېرگىيە، شەھەر مەمۇرىيىتى قاتارلىق ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشلىرى ۋە مۇھىم، زور تۈر قۇرۇلۇشلىرىنى كۈچلۈك قوللىدى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)